
دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

دانيېل دېفو ( ئەنگلىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دانىيېل دېفو ( ئەنگلىيە )



# دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

تەرجىمە قىلغۇچى: خەمىت تۆمۈر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

鲁滨逊飘流记：维吾尔文/（英）笛福(Defoe，D)著；哈米提·铁木尔译．—2版．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008．6

根据人民文学出版社1959年9月北京第1版，1978年4月甘肃第1次印刷本翻译出版

ISBN 978—7—228—11709—3

Ⅰ.鲁… Ⅱ.①笛… ②哈… Ⅲ.长篇小说—英国—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I561.44

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第088540号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | [英] 笛福 |
| 译　　者 | 哈米提·铁木尔 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 编　　辑 | 买买提热依木·克里木 |
| 责任校对 | 艾扎古丽，阿不都克由木 |
| 特约校对 | 阿布勒孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13.75 |
| 版　　次 | 2008年6月第2版 |
| 印　　次 | 2008年6月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 35.00元 |

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1959 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان بېيجىڭ 1 - نەشرى 1978 - يىل 4 - ئاي گەنسۇ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

**ئاپتورى :** دانېل دېفو (ئەنگلىيە )
**تەرجىمە قىلغۇچى :** خەمىت تۆمۈر
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مۇھەررىرى :** مۇھەممەترېھىم كېرىمى
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ھەجەرگۈل ، ئابدۇقەييۇم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** ئابلىز ئابباس
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 13.75
**نەشرى :** 2008 - يىلى 6 - ئاي 2 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11709—3
**باھاسى :** 35.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

دانىيېل دېفو (1731—1660) ئەنگلىيىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر يازغۇچىسى. ئۇ كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ياش ۋاقىتلىرىدا تىجارەتچىلىك قىلغان، خىش زاۋۇتىمۇ قۇرغان، سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بەزى كىتابلارنىمۇ يازغان ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى كۆزقاراشلىرىنى ئېلان قىلغانلىق تۈپەيلى تۈرمىلەردىمۇ ياتقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت قىلىپ «ئوبزور گېزىتى»نى باشقۇرغان؛ 1719 ـ يىلى، يەنى ئەللىك توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو»نى يازغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى باشلىنىپ، «پاراخوت باشلىقى سېنگرتون»، «مور فراندىس»، «مايور جاك»، «روككارنا»، «لوندوندىكى يۇقۇملۇق كېسەل»، «بىر رىتسارنىڭ ئەسلىمىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە «برىتانىيە ئارىلى ئەتراپىدا ساياھەت»، «سودىگەرلەر قوللانمىسى»، «ئەنگلىيىنىڭ سودا پىلانى» قاتارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەسەرلىرىمۇ بار.

«دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو» دېفونىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى ئەڭ ياخشى ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: رومانىنىڭ باش قەھرىمانى روبىنزون تىنچ ھاياتتىن بىزار بولۇپ چەت ئەلگە بارماقچى بولىدۇ. ئاتىسىنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشلىرى، كېمىنىڭ غەرق بولۇش ساۋاقلىرى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئۇنى نىيىتىدىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ . ئۇ ئۈچ قېتىم ئۇزۇن سەپەر قىلىپ مەۋرلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن برازىلىيىدە يەر ـ زېمىن سېتىۋالىدۇ . ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ بېيىشقا باشلايدۇ . لېكىن ئۇ غوجىدارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپلا يەنە سەپەرگە چىقىپ دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچرايدۇ ـ دە ، دولقۇنلار ئۇنى ئارالغا چىقىرىپ تاشلايدۇ . بۇ ئارالدا ئادەم تۇرماق ئىنسۇجىنمۇ يوق ئىدى . ئۇ كېمىنىڭ موما ياغىچىدىن سال ياساپ ، كېمىدە قېلىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى قىرغاققا توشۇپ كېلىدۇ ـ دە ، تاغنىڭ يېنىدا بىر كەپە قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ . ئۇ ئوۋلىغان نەرسىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ ، بۇلاق سۈيى ئىچىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ . دەسلەپكى قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن ھارغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي ، ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى كېڭەيتىدۇ . ئۇ ئاشلىق تېرىپ ، ئۇن تارتىپ ، نان پىشۇرىدۇ ، كېيىن ساپال قاچىلارنى ياسايدۇ ، باغ بىنا قىلىپ يايلاق ئاچىدۇ ھەم ئىككى ئېغىز ئۆي سالىدۇ . ئۇ مۇشۇنداق تۇرمۇشنى يىگىرمە تۆت يىل كەچۈرۈش جەريانىدا توختىماستىن كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ، ھەر كۈنكى تۇرمۇشنى خاتىرىلەپ بارىدۇ . 24 ـ يىلىغا كەلگەندە ئارالدا مۇنداق كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىدۇ : قوشنا ئارالدىكى ئادەمخور ياۋايى ئادەملەر قۇللارنى بۇلاپ كېلىپ ئارالدا يېمەكچى بولىدۇ . روبىنزون ئۇلارغا ئوق چىقىرىپ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرىدۇ ، بىر قىسمى قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ . ئۇ ئۆزى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بىر قۇلغا «جۇمە» دەپ ئىسىم قويۇپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى قىلىۋالىدۇ . بىر كۈنى روبىنزون بىر ئەنگلىيە كېمىسىنىڭ قىرغاققا توختىغاندا ، ماتروسلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ، كېمە كاپىتانى قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى قىرغاققا تاشلىۋەتكەنلىكىنى بايقايدۇ . روبىنزون بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ كېمىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملىشىدۇ ، بەزى ماتروسلار جىنايىتىدىن قورقۇپ ئەنگلىيىگە

قايتىشنى خالىماي ئارالدا قالىدۇ. روبىنزون بىلەن جۇمە ماتروسلار بىلەن بۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ ئەنگلىيىگە قايتىدۇ. ئۇ كېيىن ئارالنى قايتىدىن كۆرگىلى كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئارال زېمىنىنىڭ خوجايىنى، تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمرانى ھەم قانۇنچىسى بولۇپ قالغانىدى.

دېفو بۇ روماندا، ئەمگەكنى كۈيلەيدۇ، ئادەمنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرىشىنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە بۇ ئەسەر بۈگۈنگىچە ئىجابىي ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ مەشھۇر رومان نەشردىن چىقىشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بۇنىڭ ئۆز نۇسخىسى، تەرجىمىسى ۋە ئۆزگەرتكەن نۇسخىلىرى يەتتە يۈز قېتىمغا يېقىن نەشر قىلىنغان. 20 -، 21 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇ سان تېخىمۇ كۆپەيدى، ئەلۋەتتە.

# ئەسلى مۇقەددىمە

ئەگەر دۇنيادا بىرەر شەخسنىڭ ئېلان قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئالقىشقا ئېرىشىدىغان تەۋەككۇلچىلىك تارىخى بار دېيىلسە، مۇھەررىر مۇشۇ بايانىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەررىر شۇنداق ھېسابلايدۇكى، بۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكىدەك ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان؛ ھېچكىمنىڭ ھاياتى ئۇنىڭكىدەك ئۆزگىرىشچان بولمىغان.

بايان قىلغۇچى بۇ ھېكايىنى بايان قىلغاندا باشتىن - ئاياغ سەمىمىي ۋە جىددىي پوزىتسىيە قوللانغان ھەم بۆلەكچە ئەقىل ئىشلىتىپ، ھەممە ئىشنى دىن بىلەن بىرلەشتۈرگەن: ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن باشقىلارغا تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىزنى مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، تەڭرىنىڭ پاراسىتىگە سېغىنىشقا ئۈندىگەن.

مۇھەررىر بۇ كىتابنىڭ پۈتۈنلەي پاكىتنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، ھەرقانداق ئويدۇرمىلاردىن خالىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. كىتابخانلارنىڭ ئارام ئېلىش جەھەتتىنمۇ، تەربىيە ئېلىش جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلا مەنپەئەتدار بولالايدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىدۇ، چۈنكى بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى بۇ كىتاب تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ شۇڭا ئۇ بۇ كىتابنى بېسىپ چىقىرىشنى ئۆزىنىڭ خالايىققا كۆرسەتكەن زور تۆھپىسى ھېسابلايدۇ، باشقا تەكەللۇپ سۆزلەرنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن 1632 ـ يىلى يورك[1] شەھىرىدىكى بىر ئابرۇيلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىم. مەن بۇ يەرگە يەرلىك ئەمەس ئىدىم، چۈنكى مېنىڭ دادام چەت ئەللىك بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ برېمېن[2] دېگەن يېرىدىن ئىكەن. ئۇ ئەنگلىيىگە كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ھولل[3] شەھىرىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېتەرلىك مال ـ مۈلۈك توپلىۋالغاندىن كېيىن، تىجارەتنى تاشلاپ يورك شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئانامنى ئالغانىكەن. ئانامنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسى روبىنزون بولۇپ، شۇ جايدىكى ئىنتايىن ئابرۇيلۇق بىر جەمەت ئىدى.

ئانامنىڭ شۇ فامىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا روبىنزون كرۇزىنا دېگەن ئىسىم قويۇلغانىكەن، لېكىن ئىنگلىز تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە بىزنىڭ فامىلىمىز «كرۇزو» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە شۇنداق يېزىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا مېنىڭ دوستلىرىممۇ مېنى شۇنداق ئاتايدۇ.

مېنىڭ ئىككى ئاكام بولغان بولۇپ، بىرى ئەنگلىيىنىڭ فلاندېردا[4] تۇرۇشلۇق پىيادە قىسىم پولكىنىڭ پود پولكوۋنىكى ئىدى. ئۇنىڭ قىسمىغا بۇرۇن داڭلىق لوكخارت پولكوۋنىك قوماندانلىق قىلغان. كېيىن ئۇ ئاكام ئىسپانىيىلىكلەر بىلەن بولغان سوقۇشقا قاتنىشىپ ديۇنكېرك[5] يېنىدىكى جەڭدە ھالاك

---

① يورك — ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر چوڭ شەھەر.

② برېمېن — گېرمانىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چوڭ شەھەر، گېرمانىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۈچ چوڭ ئەركىن شەھىرىنىڭ بىرى.

③ ھولل — ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى دېڭىزغا تۇتاش شەھەر، يوركنىڭ شەرقىدە.

④ فلاندېر — ياۋروپادىكى كونا يەر ئىسمى، ھازىرقى بېلگىيىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن گوللاندىيىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑤ ديۇنكېرك — فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى دېڭىزغا تۇتاش شەھەر، قەدىمدە فلاندېرغا تەۋە ئىدى، 1655 ـ يىلى ئەنگلىيە قوراللىق ئارمىيىسى مۇشۇ يەردە ئىسپانىيىلىكلەر ئۈستىدىن زور غەلىبە قازانغان.

بولدى . ئىككىنچى ئاكامغا كەلسەك ، مەن تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ۋە نېمە بولغانلىقىدىن بىخەۋەرمەن ، خۇددى دادام بىلەن ئانام كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىم ۋە نېمە بولغانلىقىمدىن بىخەۋەر قالغىنىغا ئوخشاشلا .

مەن بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچىنچى ئوغۇل بولۇپ ، ھېچقانداق ھۈنەر ئۆگەنمىگەنىدىم . كىچىكىمدىن تارتىپلا ، كاللام دېڭىز - ئوكيانلارنى كېزىش ئىستىكى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . مېنىڭ ياشانغان دادام مېنى ئائىلىدە تەربىيىلىگەندىن تاشقىرى ، يېزىدىكى مەجبۇري باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئوقۇتۇپ ، خېلى بىلىم - سەۋىيىلىك قىلىپ قويغانىدى . دادامنىڭ پىلانى مېنى قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە ئوقۇتۇش ئىدى ، بىراق مېنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىم دېڭىز ساياھىتىدە بولۇپ ، باشقا ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى خالىمايتتىم . مەن شۇ ئىستەك ئارقىسىدا ، دادامنىڭ پىلان ۋە بۇيرۇقلىرى بولامدۇ ، ئانام بىلەن دوستلىرىمنىڭ ئىلتىماس ۋە نەسىھەتلىرى بولامدۇ ، ھەممىسىگە قارشىلىق كۆرسىتەتتىم . شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى ، كېيىنكى كۈنلەردىكى بەختسىز ھاياتىمنى مېنىڭ ئاشۇ داۋاسىز كاجلىقىم بەلگىلىگەنىدى .

دادام ئاقىل ھەم ۋەزمىن بىر ئادەم ئىدى . ئۇ مېنىڭ پىلانلىرىمنىڭ خەتەرلىكلىكىنى سېزىپ ، ماڭا كۆپلىگەن جىددىي ھەم مېغىزلىق تەنبىھلەرنى بەرگەنىدى . بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇ مېنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ (ئۇ يەللىك بوغۇم ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ ، ئورنىدىن قوزغىلالمايتتى ) ، ئىنتايىن سەممىي پوزىتسىيىدە ماڭا تەربىيە بەردى . ئۇ مەندىن : «سەن ئۆز ئائىلەڭنى ، ئۆز يۇرتۇڭنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭغا تەۋەككۇلچىلىك نىيىتىدىن باشقا يەنە نېمە ئاساس كۆرسىتىپ بېرەلەيسەن ؟ » دەپ سورىدى . ئۇ ماڭا يەنە مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتتى : «سەن ئۆز يۇرتۇڭدا بولساڭ ، ئۇرۇق - تۇغقان ، يارۇ

بۇرادەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن جەمئىيەتتىن ئورۇن ئالالايسەن ھەم ئۆز تىرىشچانلىقىڭ بىلەن مال ـ دۇنيالىق بولۇپ راھەت ـ پاراغەتتە ياشاپ كېتەلەيسەن ؛ چەت مەملىكەتلەرگە بېرىپ تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ، ئىگىلىك تىكلەپ ، ئاجايىپ ئىشلار بىلەن داڭق چىقارغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك نامراتلىقتىن چارىسىز قالغانلار ياكى بولمىسا ، نەپسى يامان بايلار . سەن بۇ ئىككى تەبىقىنىڭ ھېچقايسىسىغا كىرمەيسەن . ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا ، سەن بۇ ئىككى تەبىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىسەن ياكى سېنى ئوتتۇرا قاتلامغا تەئەللۇق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمدىن قارىغاندا ، بۇ قاتلام كىشىنى بەختىيار قىلىدىغان ئەڭ ياخشى قاتلام ، بۇ قاتلامدىكىلەر جىسمانىي ئەمگەكچىلەرگە ئوخشاش تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىشكىمۇ مەجبۇر بولمايدۇ ، شۇنىڭدەك يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە ئوخشاش مەنمەنلىك ، نەپسى يامانلىق ۋە ئۆزئارا رىقابەت قاتارلىقلارنىڭ ئازابىنىمۇ چەكمەيدۇ . بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پاكىت باركى ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق تۇرمۇشقا زوقلىنىدۇ ، نۇرغۇن پادشاھلارمۇ دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئېسىلزادىلىك ئورنى كەلتۈرگەن بەختسىزلىكلەردىن زارلىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىلزادىلەر بىلەن تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ قالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ ؛ قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇن ئاقىللار بۇ خىل ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ بەخت مىزانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ، چۈنكى ئۇلار ھەمىشە تەڭرىدىن بەك كەمبەغەلمۇ قىلىپ قويماسلىقنى ھەم بەك بايمۇ قىلىۋەتمەسلىكنى تىلىگەن . »

«سەن شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەرمۇ ، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرمۇ ئوخشاشلا ھاياتنىڭ كۆلپىتى ۋە پېشكەللىكىگە دۇچار بولىدۇ ؛ پەقەت ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر مۇنداق بالا ـ قازالارغا ناھايىتى ئاز يولۇقىدۇ . شۇنىڭدەك ، يۇقىرى قاتلام



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ياكى تۆۋەن قاتلامدىكىلەردەك تۇرمۇشتىكى دائىملىق داۋالغۇشلارغىمۇ ئۇچراپ تۇرمايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئوتتۇرا سىنىپتىكىلەر بايلارغا ئوخشاش ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان مەنىۋى ۋە جىسمانىي كېسەللەرگىمۇ مۇپتىلا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك كەمبەغەللەرگە ئوخشاش جاپا - مۇشەققەتلىك ۋە ئاچ - يالىڭاچلىق دەستىدىن ئاۋاقلىشىپمۇ كەتمەيدۇ. پەقەت ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرلا بارلىق گۈزەل پەزىلەت ۋە ئەمىنلىكلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ؛ ئەمىنلىك بىلەن باياشاتلىقنى ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنىڭ ئايرىلماس كېنىزىكى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىر ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، مۆتىدىللىك، قانائەتچانلىق، تىنچلىق، ساغلاملىق، كۆڭۈللۈك ئاغىنىدارچىلىق، كىشىنى شادلاندۇرىدىغان تۈرلۈك ئەرمەكلەر، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان تۈرلۈك تاماشىلار — مانا بۇ بەختلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرگە مەنسۇپ؛ مۇنداق شارائىتتا ھەممە ئادەم ئۆمۈر بويى ئەركىن - ئازادە ھايات كەچۈرىدۇ، كۈندىلىك بولكا ئۈچۈن قۇل بولۇپ، جاپا - مۇشەققەت، غەم - غۇسسە چېكىپ، قىلچە ئارام تاپالمايدىغان ئىشلارمۇ، بېيىش، شۆھرەت قازىنىش غېمىدە ئۆزىنى ئۇپرىتىدىغان ئىشلارمۇ ئۇلاردىن يىراق، ئۇلار پەقەتلا راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشاپ، ھاياتنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە بارغانسېرى ئۆز بەختىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.»

ئۇ يەنە ئىنتايىن سەمىمىيلىك ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «سەن بالىلىق قىلىپ، بىكاردىن - بىكار ئۆز - ئۆزۈڭنى ئازابلىما، قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئائىلىۋى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ مۇنداق ئازابلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بولالايسەن. ئائىلىۋى شارائىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، سېنىڭ ئۆز تۇرمۇشۇڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بارلىق ئاماللار بىلەن سېنى

مەن يۇقىرىدا ئىيتقاندەك تۇرمۇشقا يەتكۈزۈپ قويالايمەن… ئەگەر سەن كېلەچەكتە راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىسەڭ، بۇنى مەندىن كۆرمەي، ئۆز پېشانەڭدىن ياكى ئۆز گۇناھىڭدىن كۆرسەڭ بولىدۇ. چۈنكى، مەن سېنىڭ پىلانلىرىڭنىڭ زىيانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۆز قەرزىمنى ئادا قىلىپ، ساڭا ئاگاھلاندۇرۇش بەردىم... قىسقىسى، مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىپ، ئۆيدىن قوزغالمىساڭلا، مەن چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىمەن؛ مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ يىراقلارغا كېتىشىڭنى قوللىمايمەن، بولمىسا، سېنىڭ بەختسىزلىكىڭگە مەن مەسئۇل بولۇپ قالىمەن.» ئاخىردا، ئۇ مېنى ئاكامدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندىدى. ئۇ ئاكامغىمۇ ئەستايىدىل نەسىھەت قىلىپ ئۇنى فلاندېردىكى جەڭگە بارماسلىققا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاكام گەپكە كىرمەي، ئۆزىنىڭ ياشلارغا خاس باتۇرلۇقى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، ئاخىر ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «مەن بىر تەرەپتىن داۋاملىق تۇردە سەن ئۈچۈن دۇئا قىلسامىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن شۇنى تەھقىق ئېيتالايمەنكى، سەن ئەگەر جەزمەن مۇشۇ ئەخمىقانە خىيالىڭ بويىچە ئىش قىلىدىغان بولساڭ، تەڭرىم سېنى ھەرگىزمۇ ئۆز پاناھىدا ساقلىمايدۇ؛ ئۆز بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ باشپاناھ تاپالماي قالغان ۋاقتىڭدا جەزمەن مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلىمىغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىسەن.»

كېيىن مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىگىنىمدە، گەرچە مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئۆزىمۇ بىلمەستىنلا سۆزلىگىنىگە ئىشەنسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دادام سۆزلەپ ئاخىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن ئاكام ئۈستىدە توختالغىنىدا ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. مېنىڭ كەلگۈسىدە جەزمەن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىم، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ باشپاناھ تاپالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىدا بولسا، ئازابلىنىپ گەپ قىلالماي

قالدى ۋە ئۆزىنىڭ كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ گەپ قىلغۇدەك ھالى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى .

مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم . بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا كىممۇ تەسىرلەنمەي تۇرالىسۇن ! مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوكيان كېزىش خىيالىنى تاشلاپ ، دادامنىڭ سۆزىگە كىرىپ ئۆيدىن قوزغالماسلىق قارارىغا كەلدىم . بىراق ، ئەپسۇسكى ، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ قارارىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم . قىسقىسى ، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن دادامنىڭ يەنە كاسىلداپ يۈرۈشىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ، يىراق بىر يەرگە كېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم . بىراق ، مەن يەنە كەسكىن بولالمىدىم . مەن ئانامنىڭ ئادەتتىكىدىن خۇشال بىر ۋاقتىنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم : «مەن ئولتۇرسام ـ قوپسام دېڭىزنىڭ نېرىسىنى بىر كۆرۈپ بېقىشنىلا ئويلايمەن ، بۇنىڭدىن بۆلەك ھەرقانداق ئىشقا مېنىڭ قولۇم بارمايدۇ ، دادام مېنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلماي ، ماڭا ئىجازەت بەرگىنى ياخشى . مەن ئون سەككىزگە كىرىپ قالدىم ، ھازىر بىر يەرگە شاگىرتلىققا كىرىشكىمۇ ياكى بىرەر ئادۋوكاتقا ياردەمچى بولۇشقىمۇ كېچىكىپ قالدىم . مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى ، ئەگەر مېنى ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا قويسا ، مەن دۇكان ئايرىش ۋاقتىغا يەتمەيلا قاچىمەن ـ دە ، دېڭىز سەپىرىگە كېتىمەن . بىراق ، ئەگەر سىز ماڭا ياردەم قىلىپ دادامدىن ئىجازەت ئېلىپ بەرسىڭىز ، مەن بىر قېتىم مېڭىپ بېقىپ ، بۇ ئىشنىڭ بولمىغۇر بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئىككىنچى ھېچ يەرگە بارماي ، نەچچە ھەسسە ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ ئۆزۈم ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋاقتىنى ئۇندۇرۇۋالىمەن . »

مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ، ئانام ناھايىتى بەك خاپا بولدى . ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى : «مەن بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى ، مۇنداق گەپلەر داداڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلمايدۇ ، چۈنكى سەن ئۈچۈن قايسى ئىشنىڭ پايدىلىق ، قايسى ئىشنىڭ زىيانلىق

ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئاپئايدىڭ . ئۇ سەن ئۇچۇن زىيانلىق بولغان مۇنداق ئىشنى قىلىشىڭغا ھەرگىز رازى بولمايدۇ ... شۇنىڭغا ئەقلىم ھەيرانكى ، داداڭ سەن بىلەن گەپلىشىپ ، ساڭا شۇ قاتارلىق سەمىمىي نەسىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىنمۇ سەن يەنە مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈپسەن ، سەن ئەگەر ئاشۇنداق بارسا كەلمەس يولغا ماڭىمەن دېسەڭ ، ساڭا ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ ؛ سەن بىزنى بۇ ئىشقا ماقۇل بولىدۇ ، دېگەن خام خىيالدا بولمايلا قوي . ئۆزۈمگە كەلسەم ، مەن سېنىڭ ئۇنداق ئۆزۈڭنى خاراب قىلىدىغان ئىشىڭغا ھەرگىزمۇ ياردەم قىلمايمەن ، بولمىسا كېيىن ، شۇ چاغدا دادام ئۇنىمىغان بولسىمۇ ،ئانام ئۇنىغانىدى ، دەپ مەندىن ئاغرىنىسەن . »

ئانام كۆرۈنۈشتە مېنىڭ گېپىمنى دادامغا يەتكۈزۈشكە ئۇنىمىغان بىلەن ، كېيىن ئاڭلىشىمچە ، ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي دادامغا ئېيتىپتۇ . دادام بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق قايغۇرۇپ : «بۇ بالا ئۆيدە تۇرسا جەزمەن بەختلىك بولاتتى ، ئەگەر ئۇ تەرسالىق بىلەن دېڭىز سەپىرىگە كېتىپ قالىدىغان بولسا ، دۇنيادىكى ئەڭ شور پېشانە بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ . مەن ئۇنىڭغا يول قويالمايمەن» دەپتۇ .

بۇ ئىشتىن كېيىن بىر يىل ئۆتمەيلا ، مەن قېچىپ كەتتىم . بۇ ئىش مۇنداق بولدى : بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆيدىكىلەر مېنى بىرنەچچە قېتىم بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشقا ئۈندەپ باقتى ، لېكىن ھەممىنى تەرسالىق بىلەن رەت قىلىۋەتتىم . مەن دائىم دېگۈدەك ئاتا ـ ئانام بىلەن تاكاللىشىپ ، سىلەر مېنىڭ ئارزۇيۇمغا تەكەللۇپسىزلا قارشى تۇردۇڭلار دەپ ئۇلاردىن ئاغرىنىپ يۈردۈم . بىر كۈنى مەن توساتتىن ھولل شەھىرىگە بېرىپ قالدىم . بارغان ۋاقتىمدا مېنىڭ كاللامدا قېچىش خىيالى يوق ئىدى . بىراق ، ئۇ يەرگە بارسام ، مېنىڭ بىر دوستۇم دادىسىنىڭ كېمىسىگە چۈشۈپ لوندونغا بارماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن . ئۇ مېنى كۆرۈپلا ، كېمە ئەھلىنىڭ ماتروس جەلپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، مېنى ئۆزى بىلەن بىللە لوندونغا بېرىشقا قىزىقتۇردى ھەم مەندىن بىر

تىيىنمۇ ھەق ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئاتا - ئانام بىلەن مەسلىھەتمۇ قىلماستىن، ھەتتا بىرەر پارچە خەتمۇ يېزىپ قويماستىن (ئۇلار تەبىئىي ھالدا خەۋەر تاپسۇن دەپ ئويلىدىم)، تەڭرىنىڭ ياكى دادامنىڭ مەدەت بېرىشىنىمۇ تىلىمەستىن، شۇ چاغدىكى ئەھۋالىم ۋە بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلەنمۇ ھېسابلاشماستىن، 1651 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن ئىبارەت ئاشۇ چەپ كۈندە لوندونغا قاراپ يولغا چىققان كېمىگە چۈشتۇم. مەن ئىشىنىمەنكى، قەدىمدىن تارتىپ ھېچقانداق بىر ياش تەۋەككۈلچىنىڭ بەختسىزلىكى مېنىڭدەك بالدۇر باشلانمىغان ھەم مېنىڭكىدەك ئۇزاق داۋام قىلمىغان بولسا كېرەك. كېمە خۇمبېر[1] ئېغىزىدىن چىقىپلا دەھشەتلىك بورانغا دۇچ كەلدى. مەن ئەزەلدىن كېمىگە چۈشۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق بىئارام بولۇپ، پۈتۈنلەي ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم. مەن ئۆزۈم قىلىپ قويغان بۇ ئىش ئۈستىدە ۋەزمىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدىم. مەن دادامنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ قاچقانلىقىم، ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇمنى ئادا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، تەڭرىنىڭ ماڭا شۇ قەدەر ئادىل جازا بېرىۋاتقانلىقىنى ئويلىدىم. ئاتا - ئانامنىڭ نەسىھەتلىرى، دادامنىڭ كۆز ياشلىرى، ئانامنىڭ ئىلتىماسلىرى قايتىدىن ئېسىمگە چۈشتى، مېنىڭ ۋىجدانىم (ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كېيىنكى چاغلاردىكىدەك سېزىمسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغانىدى)، سەن باشقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىدىڭ، تەڭرى ئالدىدىكى، ئاتاڭ ئالدىدىكى قەرزىڭنى ئادا قىلمىدىڭ، دەپ مېنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان دېڭىز ئۈستىدە ئاسمان - پەلەك دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، بۇ ھالەت گەرچە شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن بىر

[1] خۇمبېر — ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن باشلىنىپ شىمالىي دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان دەريا.

قېتىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە قېتىم يولۇققىنىمدەك دەھشەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن مېنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى، چۈنكى مەن بۇ چاغدا تېخى ئەمدىلا كېمىگە چىققان بىر دېڭىزچى بولۇپ، دېڭىزدىكى ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدىم. ماڭا ھەربىر دولقۇن خۇددى بىزنى يۇتۇۋېتىدىغاندەكلا سېزىلەتتى؛ كېمە ھەر قېتىم ئېگىز دولقۇن ئۈستىدىن پەسكە شۇڭغۇغان ۋاقتىدا، مەن بۇ كېمە ئەمدى ھەرگىزمۇ كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مەن شۇنداق ئازاب ئىچىدە تۇرغىنىمدا، ئەگەر تەڭرىم مۇشۇ قېتىمقى سەپەردە مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالسا، ئەگەر مېنىڭ قەدىمىم يەنە قۇرۇقلۇققا تېگىدىغان بولسا، مەن چوقۇم توپتوغرا دادامنىڭ ئالدىغا بارىمەن ۋە ئىككىنچى كېمە دېگەن نەرسىگە چۈشمەيمەن؛ چوقۇم دادامنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئىشلەيمەن. ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى مۇنداق ئازابلارغا تاشلىمايمەن، دەپ كۆپ قەسەملەرنى قىلدىم ۋە بىرقانچە قېتىم ئىرادە باغلىدىم. مەن دادامنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم؛ مەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆمۈر بويى ئەركىن ــ ئازادە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، دېڭىزدىكى بوران ــ چاپقۇنلارغىمۇ، قۇرۇقلۇقتىكى جاپا ــ مۇشەققەتلەرگىمۇ ئۇچرىمىغانلىقىنى ئويلىدىم. مەن ھەقىقىي توۋا قىلغان بىر بەڭباش سۈپىتىدە دادامنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم.

مېنىڭ بۇ ئاقىلانىلىك ۋە سەگەكلىك بىلەن پىكىر قىلىش ئارقىسىدا پەيدا بولغان ياخشى نىيەتلىرىم بوران ــ چاپقۇن ئەۋج ئېلىپ تۇرغان مەزگىل ئىچىدە ۋە بوران توختىغاندىن كېيىنكى قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭ كاللامدىن نېرى كەتمىدى. لېكىن، ئىككىنچى كۈنگە بېرىپ بوران توختاپ، دولقۇن تىنچىش بىلەنلا دېڭىز ھاياتىغا كۆنۈشكە باشلىدىم. بىراق، ئۇ كۈنى ئەتىدىن ــ كەچكىچە روھىم كۆتۈرۈلمىدى، چۈنكى مېنىڭ يەنىلا بىرئاز كۆڭلۈم ئاينىپ تۇراتتى. كەچقۇرۇن بولغاندا ھاۋا پۈتۈنلەي



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com